| | |
|---|---|
| Ortaya çıkart - | ئاشكارلا - |
| Çok sayıda | نۇرغۇن |
| Aydın | زىيالىي |
| Tutuklan – | قولغا ئال - |
| Vahşi | دەھشەتلىك |
| Hapis | تۈرمە |
| Editörlük | تەھرىرلىك |
| Meşgul ol - | شۇغۇللان - |
| İlk | تۇنجى |
| Koleksiyon | توپلام |
| Istırap | مۇڭ |
| Taş matbaacılık | تاش مەتبەئە |
| Bas -,yayınla- | باس - |
| Hayli | خېلى |
| Belli bir süre | بىر مەزگىل |
| Adeta | ئاساسەن |
| Yabandı Dil | چەتئەل تىلى |
| Yetenekli | ئىستېداتلىق |
| Edebiyat uzmanı | ئەدەبىياتشۇناس |
| Daha | ئەمدىلا |
| Kültürlü,eğitimli | ئوقۇمۇشلۇق |



## گرامماتىكا

### 1- رەۋىشداش

پېئىلنىڭ رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان شەكلى رەۋىشداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشداشلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بۇ دەرسىمىزدە يالغۇز « - پ » رەۋىشدىشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

پېئىل يىلتىزى ۋە ياكى ئۆزىكىگە « -پ، - ىپ، - ۇپ، - ۈپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆر + ۈپ ← كۆرۈپ　　　　　　ياز+ىپ ← يېزىپ

تۇر + ۇپ ← تۇرۇپ　　　　　　ئوقۇ+پ← ئوقۇپ

بۇ خىل رەۋىشداشلار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| Geçmiş | ئۆتمۈش |
| Yansıt - | ئەكس ئەتتۈر - |
| Okuyucu | كىتابخان |
| Ara | ئارا |
| Tart - | قوزغا- |
| Özellikle | ئالاھىدە |
| Yıldız | چولپان |
| Enine –sonunda | ئىلگىرى – ئاخىرى |
| Mesafe | مەنزىل |
| Zemin | زېمىن |
| Yayınla - | نەشر قىل - |
| Masal | چۆچەك |
| Destan | داستان |
| Çok sayıda | نۇرغۇن |
| Ders kitabı | دەرسلىك |
| Böyle | مۇشۇنداق |
| Gönül | كۆڭۈل |
| Onurlu yer | تۆر |
| Yer al - | ئورۇن ئال - |
| İleri düşünceli | تەرەققىيپەرۋەر |
| Evlat | پەرزەنت |
| Sev - | ئارزۇلا - |
| Dikkatini ver - | كۆڭۈل قوي - |
| Okuryazarlığı öğren - | ساۋات چىقار- |
| Temel, başlangıç | باشلانغۇچ |
| Nasiplen - | مۇيەسسەر بول - |
| Gönder - | ئەۋەت - |
| Pedoloji Yüksek Okulu | دارىلمۇئەللىمىن |
| Pekiyi | ئەلا |
| Tamamla - | پۈتتۈر - |
| Maske | نىقاب |
| Yırtma - | يىرت - |
| Bırak - | تاشلا - |
| Mahiyet | ماھىيەت |

كېيىن، 1939- يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1942- يىلى بۇ مەكتەپنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. ئۆرۈمچىدىكى مەكتەپ تۇرمۇشى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۈچۈن يېڭى ھايات دەۋرى بولغان. 1943- يىلى باھاردا، مىللىتارىست شىڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەرلىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە بايلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياش شائىرمۇ بۇ بوراندىن ئامان قالماي 1944-يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇ 1945- يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1946 -يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى "يۈرەك مۇڭلىرى" تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىقتى. 1949- يىلدىن كېيىنمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خىلى بىر مەزگىل ئاساسەن تەرجىمانلىق، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن،جۈملىدىن چەت ئەل تىللىرى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى توختىتىپ قويمىغان ئىدى. لېكىن شۇ چاغلاردا ئۇ سول لۇشيەنىنىڭ كاساپىتى بىلەن مەتبۇئات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. ئۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە "ياخشى" ، "كېرەك بولسا"، "ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس"، "بوغدا ئانام"، "مەن ئاق بايراق ئەمەس"،"قەشقەر كېچىسى"، "ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك"،"گۈل ۋە ئازغان" قاتارلىق شېئىر، داستان ۋە باللادىلارنى، "ئىز"، "ئويغانغان زېمىن "رومانلىرىنى ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تولۇق نامايان قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ ھارماس قەلەمكەش، ئىستېداتلىق يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم تىلەشۇۋ ئۆتكۈر 1995-يىلى 10-ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. 174

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

Güçlü كۈچلۈك
Realist رېئالىزملىق
Derin چوڭقۇر
Temel ئاساس
Kamuoyu جامائەتچىلىك
Yetenekli تالانتلىق
Yazar يازغۇچى
Başkanlık باشچىلىق
Ayaklanma قوزغىلاڭ